## 36883 ـ مۇزتەلپىگە قايتىشتا ۋە مۇزتەلپىدە يۈز بېرىدىغان خاتالىقلار

**سۇئال**

بىز مۇزتەلپىگە مېڭىش جەريانىدا ساقلىنىشقا تېگىشلىك بولغان خاتالىقلار قايسى؟، بۇ ھەقتە بىزگە نەسىھەت قىلىشىڭلارنى سورايمىز.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: ھاجىلارنىڭ ئەرەپاتتىن مۇزتەلپىگە قايتىش جەريانىدا يۈز بېرىدىغان خاتالىقلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

بىرىنچى: ھاجىلار ئەرەپاتتىن مۇزتەلپىگە قايتقان ۋاقىتتا بىر-بىرىنى ئىتتىرىشىپ قىستاڭچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش. ماشىنىنى تىز ھەيدەش سەۋەبىدىن قاتناش ۋەقەسىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەبچى بولۇشتىن ئىبارەتتۇر. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئەرەپاتتىن قايتقاندا ئالدىرىماي، تۆگىسىنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىپ تۇرۇپ ئاستا مېڭىپ، كىشىلەرگە قولىنى پۇلاڭلىتىپ: ئى ئىنسانلار! ئالدىرىماي مېڭىڭلار دېگەن، شۇنداقتىمۇ بوش، ئازادە جايلارغا كەلگەندە ئىتتىك ماڭغان، ئۆستۈن-دۆڭلۈككە كەلگەندە تۆگىنىڭ راھەت مېڭىشى ئۈچۈن چۇلۋۇرىنى قويۇۋەتكەن، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قايتىشتا كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن،لېكىن تىز مېڭىش ياخشىمۇ ياكى ئالدىرىماي مېڭىش ياخشىمۇ دېگەن مەسىلىدە، ئالدىرىماي مېڭىش ئەۋزەل بولىدۇ.

ئىككىنچى: بەزى ھاجىلار بامدات نامىزىنى ئوقۇشتىن سەل بۇرۇنلا مۇزتەلپىگە يېتىپ كېلىدۇ، بولۇپمۇ پىيادە كەلگەنلەر ھېرىپ-چارچاپ، بامداتتىن سەل بۇرۇنلا مۇزتەلپىگە يېتىپ كېلىدۇ. بىر ئاز تۇرۇپ بامدات نامىزىنى ئوقۇپلا مىناغا قاراپ يولغا چىقىدۇ، بۇنداق قىلغان كىشىلەر مۇزتەلپىدە قونۇشتىن ئىبارەت مۇھىم بولغان بىر ئىشنى يوقۇتۇپ قويغان بولىدۇ. بۇ بەك خەتەرلىك ئىش. چۈنكى بەزى ئالىملار مۇزتەلپىدە قونۇشنى ھەجنىڭ ئەركانلىرىدىن بىرى يەنى پەرز ئەمەللەردىن دەپ قارايدۇ. بەزى ئالىملار ۋاجىپ دەپ قارايدۇ. يەنە بەزى ئالىملار سۈننەت دەپ قارايدۇ. توغرا قاراشتا، مۇزتەلپىدە قونۇش ھەجنىڭ ۋاجىپلىرىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھاجىلارنىڭ مۇزتەلپىدە قونۇشى ۋاجىپ بولىدۇ. ھەج قىلغۇچى شەرئەتتە مۇزتەلپىدىن قاچان قايتسا بولىدۇ دېگەن بولسا شۇ ۋاقىتتا قايتىش كېرەك. بۇنى ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئۆز نۆۋىتىدە بايان

قىلىمىز.

ئۈچىنچى: بەزى ھاجىلارئادەتتە مۇزتەلىپىگە يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن شام نامىزى بىلەن خۇپتەننى يولدا ئوقۇيدۇ، بۇنداق قىلىش پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە خىلاپ بولىدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولدا توختاپ تەرەت سۇندۇرۇپ، تەرەت ئالغاندا، ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇئەنھۇ: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ناماز ئوقۇيمىزمۇ؟ دېگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «نامازنى ئالدىڭدا (يەنى مۇزتەلىپىدە) ئوقۇيمىز،» دېگەن. بۇخارى رىۋايىتى 1669–ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 1280– ھەدىس].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇزتەلىپىگە يېتىپ كەلگىچە قەدەر ناماز ئوقۇمىغان، خۇپتەن ۋاقتى بولغاندىن كېيىن مۇزتەلىپىگە يېتىپ كېلىپ، شام بىلەن خۇپتەننى كېچىكتۈرۈپ خۇپتەن بىلەن بىرگە ئوقۇغان.

تۆتىنچى: بەزى ھاجىلار شام بىلەن خۇپتەننى مۇزتەلىپىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئوقۇيمىز دەپ يولدا خۇپتەننىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسىمۇ پەرۋا قىلمايدۇ، بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى نامازنى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈپ ئوقۇش دىنىمىزدا چەكلەنگەن چوڭ گۇناھلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. قۇرئان_ھەدىسنىڭ ھۆكمى بۇنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الصَّلَاةَ كَانَتْ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ كِتَابًا مَّوْقُوتًا﴾ تەرجىمىسى: شۈبھىسىزكى، ناماز مۆمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى. [سۈرە نىسا 103–ئايەت].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام نامازنىڭ ۋاقتىنى ۋەھيىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ بەلگىلەپ بەردى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَمَن يَتَعَدَّ حُدُودَ اللَّـهِ فَأُولَـٰئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ تەرجىمىسى: ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار زالىملاردۇر. [سۈرە بەقەرە 229–ئايەت]. ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:وَمَن يَتَعَدَّ حُدُودَ اللَّـهِ فَقَدْ ظَلَمَ نَفْسَهُ تەرجىمىسى: كىمكى ئاللاھنىڭ قانۇنىدىن ھالقىپ كېتىدىكەن، ئۇ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. [سۈرە بەقەرە 229–ئايەت].

ھاجىلار مۇزتەلىپىگە يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن خۇپتەن نامىزىنىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتىشتىن ئەنسىرىسە، ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ يولدا نامازنى ئوقۇپ كېلىدۇ. پىيادە كېلىۋاتقانلار توختاپ ئوقۇيدۇ. ماشىنىدا كېلىۋاتقانلار يەرگە چۈشۈپ ئوقۇيدۇ، ئۇنىڭغا مۇمكىن بولمىسا، ماشىنىدا ئولتۇرۇپ ئوقۇيدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: فَاتَّقُوا اللَّـهَ مَا اسْتَطَعْتُمْتەرجىمىسى: تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار. [سۈرە تەغابۇن 16–ئايەت].

نامازنى ماشىنىدىن چۈشۈپ ئوقۇش مۇمكىن ئەمەس دېگەن سۆز ئەمەلىيەتتىن بەك يىراق، چۈنكى ھاجىلارنىڭ ماشىنىدىن چۈشۈپ يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بولسۇن ياكى سول تەرىپىدە بولسۇن ناماز ئوقۇش ئىمكانىيىتى بولىدۇ.

ھەرقانداق ھالەتتە بولسۇن، ھېچ بىر كىشىنىڭ خۇپتەننىڭ ۋاقتى چىقىپ كەتكۈچە، شام بىلەن خۇپتەننى ئوقۇماي سۈننەت بويىچە مۇزتەلىپىگە كېلىپ ئوقۇيمەن دەپ كېچىكتۈرۈۋېتىشى توغرا بولمايدۇ. نامازنى ۋاقتىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىش سۈننەتكە

خىلاپ، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام شام بىلەن خۇپتەننى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇغان بولسىمۇ نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇغان.

بەشىنچى: بەزى ھاجىلار بامدات نامىزىنى ۋاقتىدىن بۇرۇن ئوقۇيدۇ، نامازنى ئوقۇيلا مىناغا ماڭىدۇ، بۇ زور خاتالىق. چۈنكى ۋاقتى كىرىشتىن بۇرۇن ئوقۇلغان ناماز قوبۇل قىلىنمايدۇ. بەلكى بۇنداق قىلىش چەكلەنگەن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىسىگە تاجاۋۇز قىلغانلىق بولىدۇ. شەرىئەت پرىنسىپى بىلەن نامازنىڭ دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى ۋاقتى بېكىتىلگەن، شۇڭا ئۈچۈن ھېچ قانداق بىر كىشىنىڭ نامازنى بەلگىلەنگەن ۋاقتىدىن بۇرۇن ياكى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇشى توغرا بولمايدۇ.

ھاجىلار بۇ ئىشقا دىققەت قىلىشى كېرەك، بامدات نامىزىنى بامداتنىڭ ۋاقتى كىرگەنلىكىگە تولۇق ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن ياكى ۋاقتى كىردى دەپ كۆچلۈك قاراشتا بولغاندىن كېيىن ئوقۇش كېرەك. توغرا مۇزدەلىپىدە بامدات نامىزىغا ئالدىراش كېرەك، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالاممۇ ئالدىرىغان، لېكىن بۇنىڭدىن نامازنى ۋاقتى كىرىشتىن بۇرۇن ئوقۇش كېرەك دېگەنلىك ئىپادىلەنمەيدۇ، ھاجىلارنىڭ بۇ ئىشلاردىن ساقلىنىشى لازىم.

ئالتىنچى: بەزى ھاجىلار مۇزدەلىپىدە ئازراقمۇ تۇرماستىن كېتىپ قالىدۇ، سىز ئۇلارنىڭ ئەرەپاتتىن قايتىپ توختىماستىن مۇزدەلىپىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز، ئۇلار بۇ يەردە تۇرمىساقمۇ، ئۆتۈپ كېتىشنىڭ ئۆزى كۇپايە قىلىدۇ دەپ قارايدۇ، بۇ چوڭ خاتالىق، چۈنكى مۇزدەلىپىدىن ئۆتۈپ كېتىشلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى سۈننەت بويىچە ھاجىلار بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغانغا قەدەر مۇزدەلىپىدە قالىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن مەشئەرىل ھەرامغا كېلىپ ئەتراپ تولۇق يورۇغىچە ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مىناغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. (ئەتراپ تولۇق يورۇغىچە دېگەنلىك، كۈن چىقىشتىن ئىلگىرىكى يورۇقلۇق دېگەنلىكتۇر). پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاجىز-ياشانغانلارنىڭ مۇزدەلىپىدىن يېرىم كېچىدىن ئاشقاندامىناغا قايتىشقا رۇخسەت قىلغان. ئەسما بىنتى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇزدەلىپىدە ئاينىڭ ئولتۇرۇشىنى كۈتەتتى، ئاي ئولتۇرغاندا مۇزدەلىپىدىن مىناغا كېتەتتى.

ئاي ئولتۇرغاندىن كېيىن مۇزدەلىپىدىن قايتىش بولسا، ئېنىق بەلگىلىمە، چۈنكى بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىدىكى ئاجىز-ياشانغانلارنىڭ قايتىشىغا بۇ ۋاقىتتا رۇخسەت قىلغان. كېيىن ساھابە كىراملار ئۇنىڭغا ئوخشاش يول تۇتقان. ساھابىلارنىڭ قىلغان ئىشى بەزى ۋاقىتتا سۈننەتنى بايان قىلىپ بېرىدۇ، شۇڭا ئۈچۈن ھەجگە مەسئۇل بولغانلار ئاجىز-ياشانغانلارنىڭ قىستاڭچىلىقتا قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ مۇزدەلىپىدىن قايتىش ۋاقتىنى بېكىتىپ، بۇ ۋاقىتنى ئاينىڭ ئولتۇرغان ۋاقتى بىلەن ئالاقىدار قىلىشى كېرەك. زۇلھەججىنىڭ 10-كۈنى ئاينىڭ يېرىم كېچىدىن كېيىن ئولتۇرۇشى ئېنىق، شۇڭا ئۈچۈن مۇزدەلىپىدىن قايتىش ۋاقتى كېچىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ئۆتكەندە بولىدۇ.

يەتتىنچى: بەزى ھاجىلار مۇزدەلىپىدە ئۇخلىماستىن ئىبادەت قىلىمىز دەپ كېچىنى قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، زىكىر ئېيتىش ۋە ناماز ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ، بۇ سۈننەتكە خىلاپ، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ كېچىدە ئاللاھ تائالاغا بۇ شەكىلدە ئىبادەت قىلمىغان، بەلكى سەھىھ مۇسلىمدا جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام

خۇپتەننى ئوقۇپ بولۇپ، سۈبھي يورۇغىچە ئارام ئالغان، ئۇنىڭدىن كېيىن بامداتنى ئوقۇغان. بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنى بويىچە، ئۇ كېچىدە قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، زىكىر ئېيتىش، تەسبىھ ئېيتىش ۋە تەھەججۇت نامىزى ئوقۇش قاتارلىق ئىبادەتلەر بولمىغان.

سەككىزىنچى: بەزى ھاجىلار مۇزدەلىپىدە كۈن چىققۇچە تۇرىدۇ، ئاندىن ئۇ يەردە ئىشراق ياكى دەسلەپكى چاشكا نامىزىنى ئوقۇپ ئاندىن مىناغا قايتىدۇ، بۇمۇ سۈننەتتە كۆرسىتىلمىگەن ئىشلاردىن. چۈنكى بۇنداق قىلىش پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ تۇتقان يولىغا خىلاپلىق قىلغانلىق بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدىكى مۇشرىكلارنىڭ قىلمىشىغا ئورتاقلاشقانلىق بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇزدەلىپىدىن ئەتراپ تولۇق يورۇپ كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى قايتقان، مۇشرىكلار بولسا ساقلاپ تۇرۇپ كۈن چىقىپ بولغاندىن كېيىن قايتقان.

مۇزدەلىپىدە كۈن چىقىپ بولغىچە تۇرۇپ ئىبادەت قىلغان كىشىلەر مۇشرىكلارنى ئۈلگە قىلىپ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ.